# شىنجاڭ گېزىتى

2021 ـ يىل 1 ـ ئاي
8
جۈمە
维吾尔文 1 月8日
25300 ـ سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى    مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W    پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57    تىيانشان تورى: www.ts.cn


## ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىرلەشمە گەۋدىسى كېڭەيتكەن يېڭى سورت 10 مىليون مودىن ئاشتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لىيۇ يى** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتى تەمىنلىگەن سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇلغان ئۈچ يىلدىن بۇيان، بۇغداي، كۆممىقوناق، كېۋەز ۋە خاس زىرائەت سورتىدىن 68نى تەكشۈرۈپ بېكىتكەن بولۇپ، ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش كۆلىمى 1 مىليون 850 مىڭ مودىن ئاشقان، كېڭەيتىلگەن يېڭى سورت كۆلىمى 10 مىليون 878 مىڭ 800 موغا يەتكەن.

بازارنىڭ ئۇرۇقچىلىق بايلىقىنى تەقسىملەشتىكى ھەل قىلغۇچ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، تاۋارلاشقان ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش سىستېمىسىنى پائال بەرپا قىلىش ئۈچۈن، 2018 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا نازارىتى شىنجاڭ ئىچى ـ سىرتىدىكى ئەمەلىي كۈچى بار كارخانا، پەن تەتقىقات ئورۇنلىرىنى تەشكىللەپ، كۆممىقوناق، كېۋەز، بۇغداي ھەمدە خاس زىرائەتلەرنىڭ ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش بىرلەشمە گەۋدىسىدىن تۆتنى قۇرۇپ، بازارنى يېتەكچى، كارخانىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، ئىشلەپچىقىرىش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى يىغىن ئاچتى

## مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى  مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى

### جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى پۈتۈن كۈن يىغىن ئاچتى، يىغىندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ئاڭلاپ ئۆتۈلدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكى پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پرىنسىپى، دۆلەتنى تۈزۈم ئەۋزەللىكىنىڭ تۈپ كاپالىتى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ھەر يىلى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتى ۋە مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلىشى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشتىكى بىر تۈرلۈك مۇھىم، زور تۈزۈم خاراكتېرلىك ئورۇنلاشتۇرۇش.

يىغىندا مۇنداق قارالدى: ئۆتكەن بىر يىلدا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش، ئالىي خەلق سوت مەھكىمىسى، ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پارتىيە گۇرۇپپىلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزى ۋە مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى قەتئىي قوغداپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ يادروسلىق، پۈتۈن پارتىيەنىڭ يادروسلۇق ئورنىنى قەتئىي قوغداپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## شىنجاڭ تەنتەربىيەسى يەنە بىر پەللىگە كۆتۈرۈلدى

شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»ىغا نەزەر

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى دۇڭ لياڭ

تەنتەربىيە ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ سالمىقى ئۈزلۈكسىز زورايتىلىپ، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش يېڭى مودىغا ئايلاندى؛ ئىلمىي مەشىقلەندۈرۈش ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىلىپ، ماھارەت تەنتەربىيەسىدە ئارقا ـ ئارقىدىن ياخشى نەتىجىلەر يارىتىلدى؛ ھەرقايسى تەرەپلەر ماس ئالغا سىلجىتىپ، تەنتەربىيە ـ ساياھەتنىڭ يۇغۇرما تەرەققىيات ۋەزىيىتى ياخشى بولدى... «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ تەنتەربىيەسىنىڭ تەرەققىياتى يەنە يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

### ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش مودىغا ئايلاندى

ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ساغلام بولۇش كېرەك. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش مەيدان، ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىنىڭ تېزلىتىلىشىگە ئەگىشىپ، كىچىك تىپتىكى، كۆپ خىل، مەزمۇنى مول، ئامما ياقتۇرىدىغان ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيەتلىرى تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا جۇش ئۇرۇپ گۈللەندى. تەيجى گۈرەپىسى، مەيدان ئۇسسۇلى، رادىيو گىمناستىكىسى، ياشانغانلاردىن تارتىپ باللارغىچە ھەممە ئادەم ئۆزىگە ماس كېلىدىغان بەدەن چېنىقتۇرۇش ھەرىكىتىنى تاپتى. دوستلار چەمبىرىكىدە ھەممەيلەن بەدەن چېنىقتۇرۇشنى كۆز ـ كۆز قىلدى، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش تەدرىجىي ھالدا مودىغا ئايلاندى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش مەيدان، ئەسلىھەلىرى قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇپ، پۇقرالار ئەتراپىدا «15 مىنۇتلۇق بەدەن چېنىقتۇرۇش چەمبىرىكى»نى بەرپا قىلدى. ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىزدا جەمئىي 61 مىڭ 600 تەنتەربىيە مەيدانى بار بولۇپ، تەنتەربىيە مەيدانلىرىنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى 48 مىليون 352 مىڭ 900 كۋادرات مېتىرغا يەتتى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 9 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئاچتى

## 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ كۆزلەپ، «14 ـ بەش يىل»نىڭ باشلىنىش يىلىدىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاڭ يەنفاڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق ھۆكۈمىتى 9 ـ قېتىملىق ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى ۋە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇردى، ئەمەلىيلەشتۈردى، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 ـ، 11 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇردى، ئەمەلىيلەشتۈردى، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى (قاراپ چىقىشقا سۇنۇلىدىغان نۇسخىسى)»

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 108 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئاچتى

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى 108 ـ قېتىملىق مۇدىرلار يىغىنى ئېچىپ، 2021 ـ يىللىق نىزام چىقىرىش خىزمىتى، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4 ـ يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شۆكەت ئىمىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مائارىپ خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئومۇمىي يىغىن ئاچتى

## پۈتۈن ئاپتونوم رايون مائارىپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى مائارىپ خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئومۇمىي يىغىن ئېچىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مائارىپ توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى



رېلىسنى ئاسراپ بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش

1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، جۇڭگو تۆمۈريولى ئۈرۈمچى ئىدارىسى گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى چاقىلىق ئۆل ئەسلىھە بۆلىكى يېتىمبۇلاق ئۆنۈمپەرسال رېمونت سېخىدىكى ئىشچىلار گولمۇد ـ كورلا تۆمۈريولىنىڭ ئالتۇنتاغ تونېلىدا رېلىسنى ئاسراپ، تۆمۈريول قاتنىشىنىڭ بىخەتەر يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلماقتا.

□ بەي فېڭلياڭ فوتوسى

قەشقەر شەھىرى لاچىن بايئەكە قاتارلىقلارغا ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكۈچى دېگەن شەرەپلىك نامنى بەردى

## «تەسىرلىنىشنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرىمىز»

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **ليۇ شياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، قەشقەر شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتى لاچىن بايئەكە قاتارلىق ئالتە كىشىنىڭ ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئىش ئىزلىرىنى جەمئىيەتكە ئېلان قىلىپ، لاچىن بايئەكە قاتارلىق ئالتە كىشىگە «قەشقەر شەھىرى بويىچە ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئىلغار كوللېكتىپ»، لاچىن بايئەكەگە «ئادالەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسەتكەن ئىلغار شەخس» دېگەن نام بەردى.

1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، قەشقەر داشۆدە تەربىيەلىنىشكە قاتنىشىۋاتقان لاچىن بايئەكە بۇ مەكتەپنىڭ سۈنئىي كۆل كاچكۈلىغا چۈشۈپ كەتكەن بالىنى باتۇرلۇق بىلەن قۇتقۇزۇش يولىدا قىممەتلىك ھاياتىدىن ئايرىلدى. ئۇدا بىر قانچە كۈندىن بۇيان، ئۇنىڭ تەسىرلىك ئىش ئىزلىرى كەڭ كۆلەمدە خەۋەر قىلىنىپ، سادىسىزلىغان كىشىلەرنى تەسىرلەندۈردى. «بىز ئۇنىڭ ئالىيجاناب روھىنى مەڭگۈ ئېسىمىزدە ساقلاپ، تەسىرلىنىشنى جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش ھەرىكىتىمىزگە ئايلاندۇرىمىز» دېدى قەشقەر شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى سىياسىي قانۇن كومىتېتىنىڭ كادىرى جاڭ شېڭچۈەن.

لاچىن بايئەكە ئائىلىسىدىكى ئۈچ ئەۋلادنىڭ چېگرانى قوغدىغان تەسىرلىك ھېكايىسى پامىر ئېگىزلىكىدە ھەممە ئادەمگە تونۇشلۇق. 3 ـ ئەۋلاد چېگرا قوغدىغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، لاچىن بايئەكە 2004 ـ يىلى دادىسى بايئەكە كەلدىبېكنىڭ قولىدىكى «كۆچ ئۇلاش كالتىكى»نى ئۆتكۈزۈۋېلىپ، پامىر ئېگىزلىكىدە چېگرانى قوغدىدى، چېگرا مۇداپىئە لىنىيەسىدىكى ھەربىر چېگرا تېشى، ھەربىر دەريا ئېقىنى، ھەربىر تاغ جىلغىسىدا ئۇنىڭ ئىزى قالدى،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

سۆز ھەممىگە

### بۇركۈت كەتكەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ روھى نۇر چېچىپ تۇرىدۇ

□ جاڭ بېي

ئايئاق قار لەپىلدەپ يېغىپ، قەھرىمانغا بولغان قاتتىق ئۆكۈنۈشىمىز ۋە سېغىنىشىمىزنى سۆزلەپ تۈگىتەلمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، مەملىكەتلىك ئەمگەك نەمۇنىچىسى لاچىن بايئەكە سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بالىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. كىشىنى قايغۇغا سالىدىغان خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن، كۆپچىلىك توردا بەس ـ بەستە «قەھرىمانغا ئاق يول بولسۇن»، «ھاياتى بەدىلىگە ھاياتنى قوغدىدى»، «بۈركۈت كەتتى، قەھرىماننىڭ روھى مەڭگۈ ھايات»... دېگەندەك چىن يۈرەكتىن چىققان سۆزلەر بىلەن «پامىر بۈركۈتى»نىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىگە قايغۇلۇق تەزىيە بىلدۈردى.

قەھرىتان سوغۇقتا سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بالىنىڭ ئانىسىنىڭ تىت ـ تىت بولۇپ قۇتقۇزۇڭلار دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان لاچىن قىلچە ئىككىلەنمەي كاچكۈلغا قاراپ يۈگۈردى،

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

لېكسىيەنى ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈش، نەزەرىيەنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش

ئىستون سۆزى

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە.

بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىزدە «لېكسىيەنى ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈش، نەزەرىيەنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش» مەخسۇس ئىستونى تەسىس قىلىنىپ، پۈتۈن شىنجاڭدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئۆگىنىش، لېكسىيە سۆزلەش، تەربىيەلەش، تەشۋىق قىلىش، ئومۇملاشتۇرۇش، تەتقىقات ـ مۇھاكىمە پائالىيىتىنى دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇشنىڭ جانلىق ئەمەلىيىتى ۋە يارقىن تەدبىرلىرى كۆپ نۇقتىدىن، ھەر تەرەپلىمە خەۋەر قىلىنىپ، يىغىن روھىنىڭ كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئېلىشىغا تۈرتكە بولۇنۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئۆگىنىش نەتىجىسى ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش، خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىشتىكى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە، ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمگە ئايلاندۇرۇلىدۇ.

## كەنتكە «يېڭى قاشتېشى ئارتىسلىرى» كەلدى

□ ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى پەرىزات ئابدۇل

«مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم، بىر دەقىقىمۇ ئايرىلمايمىز...» 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى خوتەن ۋىلايىتىنىڭ «يېڭى قاشتېشى ئارتىسلىرى» ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئويۇن قويۇش شۆبە ئەترىتى قاراقاش ناھىيەسىنىڭ قاراساي بازىرى خانئېرىق كەنتىگە بېرىپ، «مەن ۋە مېنىڭ ۋەتىنىم» دېگەن ناخشا بىلەن قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

«بۈگۈنكى نومۇرلار بەك ئېسىلكەن، بولۇپمۇ راۋاب تەڭكەش قىلىپ ئېيتىلغان ‹پارتىيەگە ھەشقاللا› دېگەن ناخشا قەلب سادايىمىزنى ئىپادىلىدى». ئويۇن كۆرۈۋاتقان كەنت ئاھالىسى مەخپىرەت قاسىم چوڭقۇر تەسىرلەنگەن ھالدا مۇنداق دېدى: «پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى بولغاچقا بىز ئەمدى ئۆيدە ئولتۇرالىدۇق، تۇرۇبا سۈيى ئىچەلىدۇق، ئاسفالت يولدا ماڭالىدۇق. بىز بۈگۈنكى گۈزەل، بەختلىك تۇرمۇشىمىزنى ئىنتايىن قەدىرلەيمىز، مەڭگۈ پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرىمىز، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلايمىز، پارتىيەگە ئەگىشىپ ماڭىمىز».

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، يىغىن روھىنىڭ كىشىلەر قەلبىگە چوڭقۇر سىڭىشىگە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، خوتەن ۋىلايىتى شەكىل،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)